# هێیت کۆنی



غونچەلار

مه نبه: قصص و حكايات بالعربي

ھېيت كۈنى تاڭ سەھەردە مەمەت بىلەن پاتىمە ھاياجان ئىچىدە ئويغاندى، چۈنكى ئۇلار ئاتا-ئانىسى بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇق-تۇققانلىرىنى ھېيتلاپ باراتتى.



ئانىسى ئۇلارنىڭ ھېيتلىق كىيىملىرىنى كېيىشگە

ياردەملەشتى.



ئۇلار چاچلىرىنى تاراپ، دادىسىنىڭ ھېيت نامىزىدىن قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى.



دادىســى نامازدىن كەلگەندىن كېيــىن ئۇلار ئۆز-ئارا ھېيتنى تەبرىكلەشتى، ئاندىن ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ ماشىنا بىلەن ھېيت پەتىسگە ماڭدى.



مەمـەت بىلەن پاتىمـە ناھايىتى ئەدەبلىك بولدى، ھەرقانداق ئۆيگـە كىرگەندە: - ئەسسـالامۇ ئەلەيكۇم، ئاللاھ تېنىڭلارنى سالامەت قىلسۇن، - دەپ سالام قىلدى.



ئۇلارغا ھېيتلىق گىزەكلەر كەلتۈرۈلگەندە، پەقەت

بىر تاللا ئالدى ۋە ساھىبخانغا رەھمەت ئېيتتى.



ئۇلار كوچىلاردا ئويناپ كىيىملىرىنى كىر قىلمىدى، دادىسىنىڭ يېنىدىن يىراق كەتمىدى. دادىسى ئۇلاردىن ناھايىتى خۇشال بولدى، باشقا ئۇرۇق-تۇققانلارمۇ ئۇلارنىڭ ئەخلاقىدىن بەك سۆيۈندى.



ئۇلار ئانىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن تەقەززار بولۇپ ئۆيگە قايتتى،

ئانىسى ئۇلارنى قۇلىدىكى ئىككى قۇتا بىلەن قارشى ئېلىپ:

- ئېلىڭلار، بۇ مىنىڭ ئىككى قوزامغا ھېيتلىق سوۋغىتىم، - دېدى.

